☐پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى

پومپېئونىڭ سۇيىقەستى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ

يېقىندا، پومپېئو ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پەيتىدە، شىنجاڭغا ئالاقىدار يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرنى ئېلان قىلىپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن ئېغىر ئازار يەتكۈزدى. بۇ خىل قىلمىش، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر ئازار يەتكۈزدى. بۇنىڭغا بىز قەتئىي قارشى تۇرىمىز ھەم ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيمىز!

شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش قاتارلىق خىزمەتلىرى ئەزەلدىن مۇئەييەن مىللەت، دىن، رايون بىلەن باغلانمىغان، ھەممىسى دۆلەت قانۇنى ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى خىزمىتى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت نىزامى» قاتارلىق بىر قاتار قانۇن ـ نىزاملار بويىچە قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ بېرىلغان. دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنى پۈتۈنلەي پۇقرالار ئۆز ئالدىغا تاللايدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىشىغا بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. پۇقرالارنىڭ بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ. شىنجاڭ قوللانغان دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۇسۇلى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، تېررورلۇق ھۇجۇمى دېلولىرى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ پەيدا قىلدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئېغىر تەسىرگە ئۇچرىدى. كەسكىن، مۇرەككەپ بولغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى ئالدىدا، شىنجاڭ «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قانۇن بويىچە قوللىنىپ، مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا قانات يايدۇرۇلغان تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئۇسۇلى ھەم دۆلەتنىڭ قانۇنچىللىق روھىغا ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇن، ھەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش پىرىنسىپى ۋە ئىدىيەسىنى نامايان قىلدى، سىناقتا پۈتۈنلەي بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تىياناشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى ناھايىتى ياخشى قوغدالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىندى، ھەر مىللەت خەلق ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولدى، ئەمگەكچىلەرنىڭ تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرى قانۇن بويىچە قوغدالدى.

پومپېئو تارقاتقان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر پەقەت بىر خىل چۈپرەندىلەرچە ئويۇن بولۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقانلىقىدەك پاكىتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشتەك چوڭ ۋەزىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ھازىرقى شىنجاڭ، ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ ئىتتىپاق، تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ ئىناق بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان ۋە گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان گۈزەل ۋەزىيىتىنى خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراۋاتىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك نەيرەڭلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ كۆزىنى توسۇپ قالالمايدۇ، ئۇنىڭ خۇپىيانە سۇيىقەستى مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

پومپېئوغا نەسىھەت قىلىپ قويايكى، يەنە قۇتراتقۇلۇق قىلما!

☐غۇلجا ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى رەپقەت مەمەت

يېقىندا، ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو يەنە شىنجاڭغا قارىتا پىتنە ـ ئىغۋا توقۇپ چىقىرىپ، قارا چاپلاپ، بىر قاتار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇنى مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن يۇرتۇمنى سۆيىمەن، بۇ يەرنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى سۆيىمەن، بۇ يەردىكى ھەربىر تۈپ گۈل ـ گىياھنى سۆيىمەن، بۇ يەردىكى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللارنى سۆيىمەن. بىز ھەر يىلى ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولىمىز، ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا ياتساق ئاتچوت قىلدۇرالايمىز. ئىلگىرى شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ يوللىرى توپلىق يول، ئۆيلىرى كېسەك ئۆيلەر ئىدى، ھازىر يوللارنىڭ ھەممىسى ئاسفالتلاشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى؛ باللار يەسلى، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەقسىز ئوقۇيدۇ. ھەر مىللەت ئاممىسى ئىشىكى ئالدىدىلا كىنو كۆرەلەيدۇ، كەنتلەردە يەنە كۇتۇپخانا، مەدەنىيەت پائالىيەت ئۆيى، مەدەنىيەت كىچىك مەيدانى، ياشانغانلار پائالىيەت مەركىزى قاتارلىق ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق ئەسلىھەلىرى قۇرۇلدى. پۇقرالارنىڭ كىتاب كۆرگۈسى، ناخشا ئېيتقۇسى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كەلسە ئىشىكى ئالدىدىلا ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ھەر مىللەت ئاممىسى خاتىرجەم، ئىناق، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە، كىشىلەرنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، بۇ نەتىجىلەر ھەممىگە ئايان.

جۇڭگودا قەدىمكىلەر ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ، دەپ توغرا ئېيتقان. مەن پومپېئوغا نەسىھەت قىلىپ قويايكى، يەنە قۇتراتقۇلۇق قىلما، يوق يەردىن پۇتاق چىقارما. ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى. پومپېئو، سېنىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلاش سۇيىقەستىڭ ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

مەن ئىنتايىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن

☐كۇچا شەھىرى تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنى
تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى ئەلى ئابلەت

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو يېقىندا ئېلان قىلغان شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەر، مېنىڭ قارىشىمچە، ئەخلاق ـ ھەققانىيلىق ۋە ئاساسىي ۋىجدانغا پۈتۈنلەي ئاسىيلىق قىلغانلىق ۋە خىرىس قىلغانلىق، ئاغزىغا كەلگەنچە جۆيلۈگەنلىك. مېنىڭ دېيىدىغىنىم، مەن ئىنتايىن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن.

مەن گۈزەل كۇچا شەھىرىدە تۇغۇلغان، مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان كۇچالىق، مەن ئۆسۈپ يېتىلىش، ئۆگىنىش، خىزمەت، تۇرمۇش مۇھىتىدا ھەر مىللەتتىن بولغان كىچىك ھەمراھلىرىم بىلەن مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپ، بىللە ئىلگىرىلەپ، ھەر مىللەت خىزمەتداشلىرىم، قوشنىلىرىم، دوستلىرىم بىلەن ئىناق بىللە ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئاللىقاچان قان بىلەن گۆشتەك قېرىنداشلىق مېھرىنى شەكىللەندۈردۈم. مەن ئۆزۈم بېسىپ ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلەپ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى بولمىغان بولسا، ھەر مىللەت دوستلىرىم ماڭا خۇددى تۇغقىنىدەك ياردەم قىلمىغان بولسا، مېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈم بولمايتتى.

كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى توغرىسىدا گەپ بولسا، مەن جەزمەن ئەڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىلگىرى مەن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغان، تۇرمۇشتا ئەڭ يار ـ يۆلەكسىز قالغان ۋاقتىمدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مېنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىد چىرىغىمنى قايتا ياندۇردى. تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئاشۇ گۈزەل كۈنلەر ئېسىمگە كەلگەندە، مەن دەسلەپتە ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم، كېيىن تەربىيەلىنىش ئارقىلىق ماھارەت ئۆگىنىپ، بىر ھۈنەر ئۆگىنىۋالدىم.

تەربىيەلىنىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن شەھەردىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، سودىسى ئەڭ ياخشى سودا شەھەرچىسىدە ئىشلەشنى تاللىدىم. بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، مەن ئادەتتىكى بىر خىزمەتچىدىن سودا شەھەرچىسىنىڭ مۈلۈك باشقۇرغۇچىسىغا ئايلاندىم. بۇ مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆگەنگەن بىلىمىم ۋە ئۆز ئىقتىدارىمنىڭ ئېتىراپ قىلىنغانلىقى بولۇپ، ئەسلىسەملا ئۇزاققىچە خۇشاللىقتا چۆممەن.

يەنە يۇرتۇمنى تىلغا ئالسام، كۇچادا بۇ بىرنەچچە يىلدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، كەنتىمىزنىڭ كوچىلىرى ئىلگىرىكى توپا يولدىن پاكىز، رەتلىك ئاسفالت يولغا ئۆزگەردى، سەپەرگە چىقىشىمىز تېخىمۇ قولايلاشتى؛ تازىلىقىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشىلاندى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئورمان بەلباغلىرىدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، بۈك ـ باراقسان دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بولدى. ھەممە ئائىلىنىڭ ھويلىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، ئۆيلەرگە چوڭ كارىۋات، تاماق ئۈستىلى، چوڭ سافالار تولۇقلاندى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمىن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، تۇرمۇش سۈپىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئىلگىرىكى كېسەل كۆرسىتىش قىيىن بولۇش، داۋالىنىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىمۇ ھەل قىلىندى، ھازىر بىز ھەر يىلى بىر قېتىم ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولىمىز. ئىلگىرى سەپەرگە چىقساق ئېشەك ھارۋىسىدا، ۋېلىسىپىتلىك ياكى پىيادە ماڭاتتۇق، ھازىر ھەممە ئائىلىلەر توكسىكلىت سېتىۋالدى، بەزىلىرى يەنە پىكاپ سېتىۋالدى، ھەپتە ئاخىرىدا قوشنىلار بىلەن كېلىشىۋېلىپ بازارغا بىللە بارىدىغان بولدى. بەزىدە بىكار بولۇپ قالغاندا، مەن يەنە ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ ئەتراپتىكى ساياھەت مەنزىرە نۇقتىلىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلىمەن.

مەن پومپېئوغا شۇنى دېمەكچىمەنكى، سەن بىزنىڭ جۇڭگونى ئەيىبلەپ تۆھمەت قىلدىڭ، پاكىتقا كۆز يۇمدۇڭ، بۇ ئۆزۈڭنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدىغانلىق بولماي نېمە؟

پومپېئونىڭ قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەيدىغان رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايمەن

☐شىنجاڭ ساقچى شۆيۈەنى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى گۈلشات تۇرسۇن

يېقىندا، پومپېئو ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش پەيتىدە، يەنە بىر قېتىم قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتە تارقىتىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ئاساسسىز ھۇجۇم قىلىپ ۋە قەستەن قارا چاپلاپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭدىن مەن كۈچلۈك غەزەپلىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن!

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر، ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، يۇغۇرۇلۇپ ئۆتۈۋاتقان، ئىتتىپاق، ئىناق بولغان خوتەندە تۇغۇلغان ھەم چوڭ بولغان. دادام شىنجاڭدىكى تۇنجى ئەۋلاد ئالىي تەرجىمان، ئاپام خوتەن يىپەكچىلىك زاۋۇتىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئىشچىسى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا ئاپام ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سۇجوۋ يىپەكچىلىك زاۋۇتىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن، خەنزۇ ئۇستاملار ئۇنىڭغا قولمۇقول تېخنىكا ئۆگەتكەن، ئاپام يەنە خەنزۇ خىزمەتداشلىرىنىڭ ياردىمىدە لاتا ئاياغ تىكىشنى، پوپايكا توقۇشنى ئۆگىنىۋالغان. بىز ئاكا ـ سىڭىل تۆتەيلەن مانا مۇشۇنداق ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، ئۆزئارا كۆيۈنىدىغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدۇق. بىز ئاكا ـ سىڭىل تۆتەيلەن ئىچكىرى رايونلاردىن چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن خەنزۇ ئائىلىلەرنىڭ باللىرى بىلەن يەسلى، باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇدۇق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە يەنە ھەر مىللەت ساۋاقداشلار بىلەن تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا، ئۆگىنىشتە بىللە بولدۇق، كۆپچىلىك ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەي، ئورتاق ئىلگىرىلەپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتۇق.

مەن بۇ يىل 60 ياشقا كىردىم. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۆزۈمنى ئىنچىل تەلەيلىك ھېس قىلىپ كەلدىم، دۆلەتنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا نومۇر قوشۇپ بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، داشۆگە ئوقۇشقا ئۆتتۈم، داشۆدە دۆلەتنىڭ مائارىپ ئېتىبار سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، داشۆدىكى ئوقۇشۇمنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدىم. 1983 ـ يىلى داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم ھەم تەدرىجىي ھالدا قانۇنشۇناسلىق بويىچە ياردەمچى ئوقۇتقۇچى، لېكتور ۋە دوتسېنت بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم، شۆيۈەن ئىلمىي كومىتېتى، ئۇنۋان كومىتېتى ۋە ئەرز بىر تەرەپ قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق قانۇنچىللىق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدىم. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيەلەش سىياسىتىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىدا، مەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانتلار شۆيۈەنى ھەمدە بېيجىڭ، شىئەن قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدىم. ئۇيغۇر ئايال زىيالىيلارنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كۆپ قېتىم ئىچكىرى رايونلاردىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتىم. مېنىڭ شەخسىي ئۆسۈپ يېتىلىش كەچۈرمىشىم مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت سىياسىتىنىڭ قوللىشىدا ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلگەنلىكىنىڭ گۇۋاھچىسى ۋە جانلىق مىسالى.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شىنجاڭدا ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. مەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ئىلگىرىلىشىنىڭ باشتىن كەچۈرگۈچىسى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىسى، گۇۋاھچىسى، خوتەندىن ئۈرۈمچىگىچە، شىنجاڭدىن ئىچكىرى رايونلارغىچە مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىم، ئىلگىرىلىشىمنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشىدىن كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا جەمئىيەتنىڭ مۇقىم، خاتىرجەم بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشى، مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىپ گۈللەندۈرۈلۈشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق بولۇشى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىشى تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىگە كىردى، بۇ نەتىجىلەرگە پومپېئوغا ئوخشاش غالجىرلاشقان چۈپرەندە ھەرگىز قارا چاپلىيالمايدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)